# يىراق

# يۇرتتىن

# كەلگەن خەت

# «يىراق يۇرتتىن كەلگەن خەت»

ئىشىنىمەنكى، سىز ئابدۇقادىر ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ئوقۇشقا چوقۇم قىزىقىپ قالىسىز. ئابدۇقادىر تېخى ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا، ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ. بىراق ئاتا-ئانىسىدىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە ئۆي-زېمىن مىراس قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر تاغىسى بار بولۇپ، ئۇ ئابدۇقادىر ۋە ئۇنىڭ بارلىق مىراسىغا مەسئۇل بولۇشقا بېكىتىلىدۇ.

ئۇ چاغدا بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى دەپ ھېسابلىناتتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئابدۇقادىرنىڭ تاغىسى رەزىل بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ، بۇ كىچىك بالىنى

يىراقتىكى باشقا بىر تۇغقىنىغا بېرىۋېتىدۇ. ئۇ تۇغقىنىمۇ بالىغا پەقەتلا كۆيۈنمەيتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاغىسى «ئابدۇقادىر ئۆلدى» دېگەن يالغان گەپنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى سېتىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ پۇللارنى ئۆزىنىڭ شەخسى ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئابدۇقادىر چوڭ بولغانسېرى ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسى يوق، ئۆي-ماكانسىز، باشقىلارنىڭ خەير-ساخاۋىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان بىر يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئابدۇقادىر ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىش ئۈچۈن، ئېتىزلىقلاردا جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئاران ئوقۇيالىغۇدەك ۋە يازالىغۇدەكلا مەلۇماتقا ئىگە بولالايدۇ.

ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئابدۇقادىرمۇ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ قالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئۆيگە كەچ قايتىپ كېلىپ، ئۆز نامىغا يېزىلغان بىر پارچە

خەتنىڭ ئۆيدە تۇرغىنىنى بايقاپ قالدۇ! شۇ چاغدا ئۇنىڭ نەقەدەر ھاياجانلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟! چۈنكى ئۇنىڭغا بىر پارچىمۇ خەت كېلىپ باقمىغانىدى! پەقەت ئىككىنچى كۈنى، ئېتىزلىقتا بارغاندىلا، ئۇ «بۇ يەردە ھېچكىم مېنى بايقىمايدۇ» دەپ خەتنى ئېچىپ، يېزىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مىڭبىر تەسلىكتە ئوقۇپ چىقىدۇ: -

«ھۆرمەتلىك مۇبارەك ئوغلۇم ئابدۇقادىرغا: -

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مەنكى ئۇشبۇ مەكتۇپنى يازغۇچى، سىزنىڭ رەھمەتلىك ئاپىڭىزنىڭ قېرىندىشى ئابدۇلئەزىزدۇرمەن. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، سىزنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋەردار بولۇپ، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. سىزنىڭ تېخى ھايات

ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ئىچىمگە پاتماي قالدىم. بىز بولساق، بىر تەن بىر جان بولغان قان-قېرىنداشلارمىز. سىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمەن.

سۆيۈملۈك ئابدۇقادىر، سىز ئاتىڭىزدىن قالغان مىراسنى ئوغرىلىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىڭىزدىن تېخىچە بىخەۋەر ئىكەنسىز. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقىنىمدا، سىزنىڭ مىراسىڭىزنى، سىز ئۈچۈن قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدىم. ئۇزۇن يىللىق تارتقان جاپالىق ئەمگەكلىرىم ۋە مۇشەققەتلىرىم نەتىجىسىدە، بۇ زور مال-مۈلۈكنىڭ تىلخېتىنى يۇقىرى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق قولۇمغا كەلتۈردۈم. ھازىر بۇ تىلخەت قازىنىڭ قولىدا. قازىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرىسىنى بۇ خەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. بۇ تىلخەتكە پەقەت سىز قول قويغاندىلا، ئاندىن مال-مۈلۈك سىزنىڭ بولىدۇ. ئەمدى مۇشۇ خەتنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى

قازىغا ئېيتتىڭ. بىز كېيىن كۆرۈشكىنىمىزدە خوشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولغايمىز.
ھۆرمەت بىلەن،
تاغىڭىز ئابدۇلئەزىز»

ئابدۇقادىر شۇ كەمگىچە مۇنداق ئىشنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان! شۇڭا، يا ئىشىنىشنى يا ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بىر پارچە نان ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان بىر نامرات يىگىتمۇ ـ ياكى راستىنلا بىر غايەت زور بايلىقنىڭ مىراسخورىمۇ؟ ئۇ شۇ قەدەر ھاياجانلانغانلىقىدىن، خەتنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىمۇ بىلەلمەيدۇ. كېيىن ئۇ خېتىنى خوجايىنىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، بىر تاشنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدۇ. ئەمما ئەتىسى، ئۇ خوجايىنىغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىدۇ. خوجايىنى ناھايىتى ئاچچىقلاپ: «نېمىدېگەن ھاماقەتسەن! سەن

بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا ئابدۇقادىر بار دەپ ئويلامسەن؟ بۇ خەت ساڭا ئەمەس، باشقا بىر ئابدۇقادىرغا يېزىلغان!» ـ دەيدۇ.

ئابدۇقادىر جاۋابەن: «بەلكىم شۇنداقتۇر. ھالبۇكى، ئىسمىم خەتنىڭ بېشىدا يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. مەن شۇ يەرگە بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن. نېمىلا بولمىسۇن، شۇ چاغدا كۆرمەمدىم؟!» ـ دەيدۇ.

خوجايىن ئابدۇقادىرنى خەتنى كۆرسىتىشكە شۇنچە زورلاپ باقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قورقىتىشلىرى كارغا كەلمەيدۇ. كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى، ئابدۇقادىر ئوغرىلىقچە خەت يوشۇرۇپ قويۇلغان يەرگە بارىدۇ ۋە يەنە بىر قېتىم خەتنى قايتا-قايتىلاپ ئوقۇيدۇ. شۇ كۈنى كەچتە، خوجايىن بىلەن بىرگە غىزالانغان بىر قانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى تاماقتىن كېيىن، ئابدۇقادىرغا: ـ

«يىگىت، گېپىمىزنى ئاڭلاپ نەسىھىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ھېلىقى خەتكە ئۇنچىلىك ئىشىنىپ كەتمە. بىرسى

سىنى ئالداپ، ئەخمەق قىلماقچى. بۇ خەت بىر ئويدۇرما، ئىمزاسىمۇ يالغان. خەتنى بىزگە كۆرسەتسەڭ، بىز ئۇنىڭ ساختا خەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىمىز» ـ دەيدۇ.

ئابدۇقادىر بۇ قېتىممۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ. مۆتىۋەرلەر گەرچە شۇنداق ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېچنەرسە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ.

بىراق يۇرت چوڭلىرىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى ئابدۇقادىرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغدۇرىدۇ: ـ «شۇلارنىڭ دېگەنلىرى توغرىمىدۇ...؟!» دەپ ئويلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ: «مەن ئەتە ئەتىگەن بازارغا بارغىنىمدا، بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىمەن» دېگەن قارارغا كېلىدۇ.

كۆپ سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ئۇ خەت كەلگەن جاينى بىلىدىغان بىر كىشىنى تاپىدۇ. بىر يىل ئىلگىرىلا، بۇ كىشى شۇ يۇرتقا بارغانىكەن، ئۇ كىشى ئابدۇقادىرغا: ـ

«شۇ يەردە دەرۋەقە ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك بىر كىشى بار. يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەم ئېسىل خىسلىتىنى ماختىشىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ كىشى ناھايىتى باي ئىكەن. بىراق مۇشۇ بىرنەچچە يىللاردىن بېرى، خۇددى بىر نامرات كىشىدەك، ھالىدىن كەتكۈچە جاپالىق ئىشلەپ، تاپقىنىنى بىر سىرلىق ھەم ئاجايىپ مۇددىئاسى ئۈچۈن يىغىپ كەپتۇ» ـ دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئابدۇلئەزىزنىڭ مەقسىتى سۆزلىگۈچىگە ئانچە ئېنىق ئەمەستەك بولسىمۇ، بىراق ئابدۇقادىر ئۇنى چۈشىنەلەيتتى! ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياتىدا ھېس قىلىپ باقمىغان بىرخىل ئۈمىد ۋە شادلىقتىن تېپچەكلەيتتى. ئۇ ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇھەببىتىدىن كەلگەن بۇ مۇددىئاسىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ جاپالىقى ئۆزى، يەنى ئابدۇقادىر ئۈچۈن ئىدى!

ئابدۇقادىر خوجايىنىغا ئۆزىنىڭ شۇ يەرگە سەپەر قىلماقچى بولغان مۇددىئاسىنى

يەنە بىر قېتىم ئېيتىدۇ. خوجايىنى ئۇنى يەنىلا قورقۇتۇپ، تۈرمىگە سولاتقۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ؛ ئاندىن دەرۋەقە دېگىنىدەك قىلىدۇ! بىراق خۇدا ئابدۇقادىر بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ تامنىڭ تۈۋىدىن بىر تۆشۈك تېشىش ئۈچۈن كېچىلەردە ھارغۇچە ئىشلەيدۇ؛ ئاخىرىدا ئوڭۇشلۇق قېچىپ كېتەلەيدۇ. ئاي يورۇقىدا ئۇ خېتىنى تاپىدۇ ۋە ئابدۇلئەزىزنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇ كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى مېڭىپ، خوجايىنىدىن خېلىلا ئۇزاپ كېتىدۇ. بىر قانچە ھەپتىلىك سەپەر ۋە سۈرۈشتۈرۈشلەر ئارقىلىق، ئۇ ئاخىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ ھەم قازىنىڭ ئۆيىنى تاپىدۇ. ئۇ سەپەر داۋامىدا ھېلىقى خەتنى قانچە قېتىملاپ ئوغۇغاندۇ-ھە! خەت ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە جاسارەت بېرىپ كېلىدۇ. قازى ئىشىكنى ئاچقىنىدا، زور بايلىقنىڭ مىراسخورى بولۇشقا پەقەتلا لايىق بولمىغان بىر نامرات يىگىتنى كۆرىدۇ! ئابدۇقادىر سەپەر داۋامىدا يېمەكلىكى ئۈچۈن تاپقان-

تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆگەتكەندى. ئۇنىڭ ئۈستى جۇل-جۇل كىيىم، پۇتى يالىڭئاياغ ئىدى. بىراق ئابدۇقادىر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، خەتنى كۆرسەتكىنىدە قازى بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

«سەن ياخشى قىپسەن» ـ دەيدۇ ئۇ، «ئابدۇلئەزىزدە، سېنىڭ كېلىشىڭنى مەجبۇرلاش نىيىتى يوق. ئۇ پەقەتلا سېنىڭ ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلىكىڭ ھەم شۇ جاپالىق سەپەر قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىڭنى كۆرمەكچى. مانا سەنمۇ كەپسەن، بىز گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا، مۇشۇ تىلخەت بويىچە ئىش كۆرىمىز. شۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭگە تەۋە نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىسەن!».

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇقادىرنىڭ قانداق تۇيغۇلار بىلەن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ بۇلار ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن چەكسىز بايلىق ۋە شۇنچە كۆپ ئۆيلەرنىڭ خوجايىنى! ئۇ ئۆز

چامىسىنىڭ يېتىشىچە، يېڭى بايلىقلىرىنى توغرا باشقۇرۇشقا ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بېرىدۇ.

ئەمدى ئابدۇقادىرنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقى ھەم مال-بېساتلىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن قانچىلىك ھايرانلىقا چۆمگەنلىكىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆزى بىلەن دىدارلىشىدىغان شۇ كۈنگە بولغان تەشنالىقى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن كىشىنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. راست، ئۇ بۇ بايلىقنى قايتۇرۇۋالغۇچىنى قايتۇرۇۋېلىنغان بايلىقلىرىنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە قىممەتلىك دەپ بىلەتتى!

دوستۇم، بۇ يەردە سىزگىمۇ ھەم يىراقتىن كەلگەن بىر پارچە خەت بار! بۇ خەت بولسا، ئەرشتىن كەلگەن ئىنجىل

مۇقەددەس (يېڭى ئەھدە)تۇر. ئۇ سىزگە، خۇدا سىز ئۈچۈن تەييارلىغان مىراس ھەققىدە ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ مىراس بۇ دۇنيادىكى تۈگەپ كېتىدىغان بايلىقلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ ساپ، مۇكەممەل ھەم مەڭگۈلۈك. بۇ مەڭگۈلۈك مىراسنىڭ خەزىنىلىرى ئىچىدە سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، نىجاتلىق، يېڭى ھايات ۋە خۇدا ئاتا قىلىدىغان خاتىرجەملىكى بار. خۇدانىڭ بۇ ئەرشتىكى مىراسىنى سىزگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سوۋغا قىلىشقا ئەھدە تۈزگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

بۇ خەت يەنە، خۇدانىڭ بۇ ئۇلۇغ مىراسىنى سىز ئۈچۈن قانداق تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ سىزگە خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ (قۇتقۇزغۇچى)نى سىز ئۈچۈن جاپا چېكىش ھەم ئازاب تارتىشقا قانداق ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىز ئۈچۈن مەسىھ ئەيسا،

خۇدانىڭ يېنىدىكى ئەرشتىكى كاتتا ھەم ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىنى تاشلاپ، مۇشۇ قاراڭغۇ دۇنياغا كېلىپ، ئۆزىنى قۇربانلىق يولىدا پىدا قىلدى. ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىش ئۈچۈنلا ئىنسان سۈپىتىدە بولۇپ، سىز ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ئەرشتىكى مىراسىنىڭ (ئىشەنگەن بولسىڭىز) ھەقىقەتەن سىزنىڭ ئىكەنلىكىگە خۇدانىڭ كاپالىتىدۇر.

بىراق قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ نېمىشقا سىز ئۈچۈن شۇنداق قىلغان؟ چۈنكى بۇ ئەرشتىن كەلگەن خەتتە (ئىنجىلدا) دېيىلگىنىدەك، سىز بىر دۈشمەنىنىڭ، يەنى شەيتاننىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىسىز. ئۇ سىزنىڭ مىراسىڭىزنى سىزدىن بۇلاپ كېتىشكە باشتىن-ئاخىر ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سىزنى بۇ مىراس ھەققىدە خەۋەرسىز، قاراڭغۇلۇق ھالىتىدە مەڭگۈ قالدۇرماقچى. شۇنىڭ بىلەن سىز بۇ توغرىلىق ھېچنېمىنى بىلمەي قالىسىز. بىراق خۇدا

سىزنى سۆيگەچكە، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ سىزنىڭ مىراسخورىڭىزنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋە سىزنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، يەتكۈچە ئازاب تارتتى.

قەدىرلىك دوستۇم، سىزدە خۇدانىڭ بۇ ۋەدىسىگە ئىشەنچ بارمۇ؟ شەيتانغا قۇل بولۇپ، گۇناھ بىلەن ئۆتكەن كونا ھاياتىڭىزنى تاشلاشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ خۇدا سىزگە بېرىشنى خالايدىغان ئۇلۇغ سوۋغىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارمۇسىز؟

شۈبھىسىزكى بەزى كىشىلەر سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە سوغۇق سۇ سېپىدۇ. ئۇلار سىزنى بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان ھالىتىڭىزدە قېلىپ قېلىشقا ئۈندەيدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ خەت، ئىنجىل مۇقەددەس بولغان يېگى ئەھدە، سىز ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ھەتتا بۇ خەت ھەققىي ئەمەس، ئۇنىڭ خەۋىرى يالغان، ئۇنىڭدىكى ۋەدە ئالدامچىلىق دېيىشىدۇ.

بىراق دوستۇم، بۇ خەت بارلىق گۇناھكارلارغا قارىتىلغىنىدەكلا، سىزگىمۇ قارىتىلغان. ئۇنى ئىنچىكلەپ، تېگى-تەكتىگە يېتىپ ئوقۇڭ. ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرگىنىڭىزدە ھەم بۇ مەڭگۈلۈك مىراسنىڭ قىممىتىنى بايقىۋالغىنىڭىزدا كۆڭلۈڭىز ئابدۇقادىرنىڭكىدەك، يېڭى بېساتىڭىزغا قاراپ شادلىنىدۇ. قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھ زور بەدەل تۆلەش ئارقىلىق سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان مەغپىرەت، خاتىرجەملىك ۋە يېڭى ھايات سىزنى كۈتمەكتە. سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇلاردىن بەھرىمەن بولالايسىز. ھەمدە ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن بۇ دۇنياغا قايتا چۈشۈپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە شادلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىسىز.

خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر! ھەممە ئىشنى جايىدا قىلىدىغان خۇداغا ھەمدۇسانا!

**«ئۇسساپ كەتكەن كىشىگە مۇزدەك سۇ بېرىلگەندەك، يىراق يۇرتتىن كەلگەن خۇش خەۋەرمۇ ئەنە شۇنداق بولار»**
(تەۋرات، «سۇلايماننىڭ پەندى-نەسىھەتلىرى» 25-باب، 25-ئايەت)

«يېڭى ئەھدە» (خۇش خەۋەر، ئىنجىل)دىن بىرنى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسىملىرىنى تاپالمىسىڭىز، مەسىھنىڭ مۇخلىسى بولغان دوستلىرىڭىزدىن سوراڭ. ئۇنداق دوستلىرىڭىز بولمىسا، سەمىمىي ئىلتىجالارنى ئاڭلىغۇچى ئۇلۇغ خۇدادىن تىلەپ، دۇئا قىلىڭ! ئۇ سىزگە بىر پارچە ئىنجىلنى ئاتا قىلىدۇ!

# ئەيسا مەسىھنىڭ
# بىرقانچە ھېكمەتلىك سۆزلىرى

«مۇبارەك، روھتا نامرات-تىلەمچى بولغانلار!
چۈنكى ئەرش پادىشاھلىقى ئۇلارغا تەۋەدۇر.
مۇبارەك، پىغان چەككەنلەر!
چۈنكى ئۇلار تەسەللى تاپىدۇ.
مۇبارەك، ياۋاش-مۆمىنلەر!
چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر.
مۇبارەك، ھەققانىيلىققا ئاچ ۋە تەشنالار!
چۈنكى ئۇلار تولۇق تويۇنىدۇ.
مۇبارەك، رەھىمدىللار!
چۈنكى ئۇلار رەھىم كۆرىدۇ.

مۇبارەك، قەلبى پاك بولغانلار!
چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ.
مۇبارەك، تىنچلىق تەرەپدارلىرى!
چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى
دەپ ئاتىلىدۇ.
مۇبارەك، ھەققانىيلىق يولىدا
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار! چۈنكى
ئەرش پادىشاھلىقى ئۇلارغا تەۋەدۇر.
مۇبارەك، مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ
ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە ھەرتۈرلۈك
تۆھمەتكە ئۇچرىساڭلار؛ شاد-خۇرام
بولۇپ ياياراڭلار! چۈنكى ئەرشلەردە
كاتتا ئىنئام سىلەر ئۈچۈن ساقلانماقتا؛
چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى
پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇلار مۇشۇنداق
زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان».
(ئىنجىل، «ماتتا» 5-باب، 11-1-ئايەت)

«ــ ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈك
يۈكلەنگەن ھەممىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا

كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي!»
(ئىنجىل، «ماتتىا» 11-باب، 28-ئايەت)

«ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەر تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى توۋغا چاقىرغىلى كەلدىم»
(ئىنجىل، «لۇقا» 5-باب، 31، 32 ئايەت)

«ئىنسانئوغلى ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى»
(ئىنجىل، «لۇقا» 19-باب، 10-ئايەت)

«دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندا، بۇتپەرەس يات ئەللىكلەردىكىدەك قۇرۇق گەپلەرنى تەكرارلاۋەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار دېگەنلىرىمىز كۆپ بولسا خۇدا تىلىگىنىمىزنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا، سىلەر

ئۇلارنى دورىماڭلار. چۈنكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارنى سىلەر تىلىمەستىن بۇرۇنلا بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق دۇئا قىلىڭلار: ــ

«ئى ئاسمانلاردا تۇرغۇچى ئاتىمىز،
سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلانغاي.
پادىشاھلىقىڭ كەلگەي،
ئىرادەڭ ئەرشتە ئادا قىلىنغاندەك يەر يۈزىدىمۇ ئادا قىلىنغاي.
بۈگۈنكى نېنىمىزنى بۈگۈن بىزگە بەرگەيسەن.
بىزگە قەرزدار بولغانلارنى كەچۈرگىنىمىزدەك،
سەنمۇ قەرزلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.
بىزنى ئازدۇرۇلۇشلارغا ئۇچراتقۇزمىغايسەن،
بەلكى بىزنى رەزىل بولغۇچىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن».

چۈنكى سىلەر باشقىلارنىڭ گۇناھ-
سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرسەڭلار،
ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنى
كەچۈرىدۇ. بىراق باشقىلارنىڭ گۇناھ-
سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرمىسەڭلەر،
ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ گۇناھ-
سەۋەنلىكلىرىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ».
(ئىنجىل، «ماتتا» 6-بابتىن)

«ئىشىك ئۆزۈمدۇرمەن. مەن
ئارقىلىق كىرگىنى قۇتقۇزۇلىدۇ ھەم
كىرىپ-چىقىپ، ئوت-چۆپلەرنى تېپىپ
يېيەلەيدۇ. ئوغرى بولسا پەقەت
ئوغرىلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇش ئۈچۈنلا
كېلىدۇ. مەن بولسام ئۇلارنى ھاياتلىققا
ئېرىشسۇن ۋە شۇ ھاياتلىقى مول
بولسۇن دەپ كەلدىم.
ياخشى پادىچى ئۆزۈمدۇرمەن.
ياخشى پادىچى قويلار ئۈچۈن ئۆز
جېنىنى پىدا قىلىدۇ»

(ئىنجىل، «يۇھاننا» 10-باب، 9-11-ئايەت)

«مېنىڭ پېنىمغا كەلگەنلەردىن ھېچقايسىسىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن»
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 6-باب، 37-ئايەت)

«دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا ماڭمايدۇ، ئەكسىچە ھاياتلىق نۇرىغا ئېرىشىدۇ»
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 8-باب، 12-ئايەت)

«تىرىلىش ۋە ھاياتلىق مەن ئۆزۈمدۇرمەن؛ ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى ئۆلسىمۇ، ھايات بولىدۇ؛ ۋە ھايات تۇرۇپ، ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەس»
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 11-باب، 25-ئايەت).

«بىز پەقەت (گۇناھتىن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا) ئامالسىز قالغىنىمىزدا، مەسىھ بىز ئەخلاقسىزلار ئۈچۈن خۇدا بېكىتكەن ۋاقىتتا ئۆزىنى پىدا قىلدى. بىرسىنىڭ ھەققانىي ئادەم ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئىش؛ بەزىدە ياخشى ئادەم ئۈچۈن بىرسى پىدا بولۇشقا جۈرئەت قىلىشىمۇ مۇمكىن؛ لېكىن خۇدا ئۆز مېھرى-مۇھەببىتىنى بىزگە شۇنىڭدا كۆرسەتتىكى، بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدا، مەسىھ بىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى».

(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 5-بابتىن)

«ئىنتېرنېت»تىن پايدىلىنىدىغان بولسىڭىز، «www.mukeddeskalam.com»دىن

مۇقەددەس كىتابتىكى بارلىق قىسىملارنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ.